# 37951 - ئىتىكاپ قىلغۇچىنىڭ مەسچىتتىن چىقىشى توغرا بولامدۇ؟

## سوئال

رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە مەسچىتتە ئىتىكاپنى قانداق قىلىشنى بىلىشنى خالايمەن؟. مەن كۈندۈزدە ئىشلەيمەن، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئىشتىن چۈشىمەن، ئىتىكاپقا كىرگەندە مەسچىتتە مۇقىم تۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

ئىتىكاپ قىلغۇچىنىڭ مەسچىتتىن چىقىپ كېتىشى ئىتكاپنى بۇزۇۋېتىدۇ، چۈنكى ئىتىكاپ دېگەن ئاللاھ تائالاغا تائەت-ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مەسچىتتە تۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەمما چىقىش زۆرۈر بولغان ئىشلار ئۈچۈن چىقسا ئىتىكاپ بۇزۇلمايدۇ، خۇددى تەرەت سۇندۇرۇش، تاھارەت ئېلىش ۋە يۇيۇنۇش، مەسچىتكە يىمەكلىك ئەكىلىپ بېرىدىغان كىشى بولمىسا يىمەكلىك ھازىر قىلىش قاتارلىق مەسچىتتىن چىقىش زۆرۈر بولىدىغان ئىشلار ئۈچۈن چىقسا بولىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىتىكاپ قىلغان ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئىنساني ھاجىتى ئۈچۈنلا ئۆيگە كىرەتتى.» [بۇخارى رىۋايىتى 2092 -ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 297 -ھەدىس].

ئىبنى قۇدامە رەھمەھۇللاھ "ئەلمۇغنى" 4 -توم 466-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئىنساني ھاجەتتىن بولغان مەقسەت: چوڭ-كىچىك تەرەت سۇندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر، چۈنكى ھەر بىر ئىنسان ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، يىمەك-ئىچمەكمۇ ئىنساني ھاجەتنىڭ قاتارىدىندۇر، ئىتىكاپ قىلغۇچىغا يىمەك ئەكىلىپ بېرىدىغان كىشى بولمىسا، ئۇ كىشىنىڭ چىقىشى زۆرۈر بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چىقىش زۆرۈر بولىدىغان، مەسچىتنىڭ ئىچىدە قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ھەر قانداق ئىش ئۈچۈن سىرتقا چىقسا ئۇزۇن تۇرۇپ قالمىسا ئىتىكاپ بۇزۇلمايدۇ.

ئىتىكاپ قىلغۇچىنىڭ خىزمەت ئۈچۈن ئىتىكاپ قىلۋاتقان مەسچىتتىن چىقىشى ئىتكاپنى بۇزىدۇ.

دائىمي كومىتېت ئالىملىرىدىن: ئىتىكاپ قىلغۇچىنىڭ كېسەل يوقلىشى، چاقىرغان جايلارغا بېرىشى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىشى، جىنازىگە ئەگىشىپ قەبرىستانلىققا بېرىشى ياكى خىزمەتكە بېرىشى قاتارلىقلار ئىتكاپنى بۇزامدۇ؟دەپ سورالغاندا، ئۇلار مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: " سۈننەت بويىچە

ئېتىكاپ قىلغۇچى ئېتىكاپ قىلىش جەريانىدا كېسەل يوقلىمايدۇ، چاقىرغان جايلارغا بارمايدۇ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىشقا چىقمايدۇ، جىنازە نامىزىغا قاتناشمايدۇ، مەسچىتنىڭ سىرتىدىكى خىزمەت-ئىش ئورۇنلىرىغا بارمايدۇ، بۇ توغرىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «سۈننەت بويىچە ئېتىكاپ قىلغۇچى كېسەل يوقلىمايدۇ، جىنازىگە قاتناشمايدۇ، ئاياللىرىنى سىلمايدۇ ۋە قۇچاقلاشمايدۇ، زۆرۈر بولغان ھاجىتىدىن سىرت مەسچىتتىن چىقمايدۇ». [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى  2473 -ھەدىس].

"دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى" 10 -توم 410-بەت.